National Institute for Public Health
and the Environment
*Ministry of Health, Welfare and Sport*

# بالىڭزنى 12 يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن قوغداڭ

## دۆلەتلىك ۋاكسىنا پىروگراممىسى

**هازىر ۋاكسىنىسى بار بولغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ئىلگىرى گوللاندىيەدە كۆپلىگەن باللار ئۆلۈپ كېتەتتى. گوللاندىيەدىكى باللارنىڭ ھەممىسىگە دىگۈدەك ۋاكسىنا ئۇرۇۋالغانلىقتىن بۇ خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ. دۆلەتلىك ۋاكسىنا پىروگراممىسىغا رەخمەت. گوللاندىيەدىكى باللارنىڭ ھەممىسى ھەقسىز ۋاكسىنا ئۇرغۇزالايدۇ.**

### يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دىگەن نىمە؟

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئادەتتە يۇقۇمچان بولىدۇ. ئەگەر باللارغا بۇ خىل كېسەللىكلەرگە قارشى ۋاكسىنا ئۇرۇلمىسا، كەڭ كۆلەمدە تارىلىش كېلىپ چىقىدۇ. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى باكتىرىيەلەر ياكى ۋىرۇسلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**گوللاندىيەدىكى باللارنىڭ 95% گە ۋاكسىنا ئۇرۇلغان.**

### ۋاكسىنا ئۇردۇرۇش نىمە ئۈچۈن مۇھىم؟

ۋاكسىنا بالىڭىزنى يۇقۇملىنىشتىن قوغدايدۇ. ئەگەر بىز ۋاكسىنا ئۇرمىساق، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يەنە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر بالىنىڭ دۆلەتلىك ۋاكسىنا پىروگراممىسىغا قاتنىششى ئىنتايىن مۇھىم. دۆلەتلىك ۋاكسىنا پىروگراممىسى ھەر يىل 2،5 مىليون ۋاكسىنا بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### باللار قايسى كېسەللىكلەرگە قارشى قوغدۇلىدۇ؟

گوللاندىيەدە باللار 12 خىل ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلىردىن قوغدۇلىدۇ. باللار 6 ھەپتىلىك ۋە 9 ھەپتىلىك بولغان ئارىلىقتا ۋاكسىنا پىروگراممىسى باشلىنىدۇ.



### ۋاكسىنىلار بىخەتەرمۇ؟

ۋاكسىنىلار بازارغا سېلىنىشتىن بۇرۇن سىنالغان بولىدۇ. ۋاكسىنىلار ساغلام باللارغا ئۇرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەكس تەسىرلىرى قاتتىق كۆزۈتۈلىدۇ. خەتىرى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان باللار (مىڭلارچە باللاردىن مىليونلارغىچە) ئۈستىدە كۆپ تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلغان. نەتىجىدە ۋاكسىنىلار بىخەتەر بولغان. دۆلەتلىك ۋاكسىنا پروگراممىسى بىلەن مەسلەن مېڭە زەخمىگە ئۇچراش، ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاستا بولۇش، مۇسكۇل ۋە پەي تارتىپ قېلىش، قەن كېسلى، ئوتېزىم ۋە بوۋاقلارنىڭ توساتتىن ئۆلۈش سىندرومى دىگەندەك كېسەللەرنىڭ باغلىنىشى يوق.

## 1. دىفتېرىيا

دىفتېرىيا بولسا ناھايىتى ئېغىر بولغان گال ياللۇغى. دىفتېرىيا بولۇپ قالغان بالىلاردا، بوغۇلۇپ قېلىش خەۋپى كۆرۈلىدۇ. دىفتېرىيا گوللاندىيەدە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ۋاكسىنا ئۇرۇلمىسا، بۇ خىل كېسەللىك يەنە قايتىپ كېلىدۇ.

## 2. كۆك يۆتەل

كۆك يۆتەل ئېغىر يۆتىلىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە ئايلار داۋام قىلىشى مۇمكىن. بۇ، بوۋاقلاردا ھالىدىن كېتىش ۋە مېڭە زەخمىلىنىش ئەھۋاللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ۋاكسىنا ئارقىلىق كۆك يۆتەلنىڭ تولۇق ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ ئەمما ۋاكسىنا ئۇرۇلغانلار بەك ئېغىرلىشىپ كەتمەيدۇ. كۆك يۆتەل گوللاندىيەدە يەنىلا كۆرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا مۇنكىنقەدەر تېز ۋاكسىنا ئۇرۇش بەكلا مۇھىم.

## 3. تېتانۇس

تېتانۇس بارلىق مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. تېتانۇسنى داۋالىمىسا، ئۆلۈم كېلىپ چىقىدۇ. تېتانۇس يۇقۇملۇق ئەمەس. بالىلار (ئۆي) ھايۋانلارنىڭ چىشلىۋېلىشى ياكى كوچىدىكى مەينەتچىلىكنىڭ يارىغا كىرىپ كېتىشى سەۋەبىدىن تېتانۇس بولۇپ قالىدۇ.

## 4. پولىيو

پولىيو بولسا ناھايىتى ئېغىر بولغان بىر يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ، پاچاق، بىلەك ۋە نەپەسلىنىش مۇسكۇللىرىنىڭ پالەج بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 5. خىب كېسەللىگى

خىب باكتېرىيەسى قان زەھەرلىنىش، مېڭە پەردىسى ياللۇغى، كىچىك تىل ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى ۋە بوغۇم ياللۇغى قاتارلىق ئىغىر ياللۇغلىنىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 6. ب تىپلىق جىگەر كېسىلى

ب تىپلىق جىگەر كېسىلى بولسا جىگەرنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئېغىر بولغان ب تىپلىك جىگەر كېسىلى جىگەرنىڭ قورۇلۇپ قېلىشىنى ۋە جىگەر راكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. ۋاكسىنا مەڭگۈ ئالدىنى ئالالايدۇ.

## 7. پنېموكوكال كېسىلى

پنېموكوكاللار بولسا باكتېرىيەلەر بولۇپ، قان زەھەرلىنىشنى، ئېغىر دەرىجىدىكى ئۆپكە ياللۇغىنى ۋە مېڭە پەردە ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بالا گاس بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ۋاكسىنىنىڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان پنېموكوكلارغا قارشى ئۈنۈمى بار.

## 8. ماماپس

ماماپس بولسا تۆكۈرۈك بېزىنىڭ ياللۇغلىنىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماماپس بار بالىلارنىڭ يانىقى ۋە بويىنى ئىششىق بولىدۇ. بەزىدە مېڭە پەردە ياللۇغى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 9. قىزىل

قىزىل بولسا ئەسۋە كېسىلى بولۇپ، قىزىتىدۇ ۋە تېرىسگە ئەسۋەلەر چىقىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا قۇلاق ياللۇغى ۋە ئۆپكە ياللۇغى ۋە بەزىدە مېڭە ياللۇغىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىزىل بولسا بەكلا يۇقۇملۇق. بەزىدە بالا قىزىلدىنمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## 10. قىزىلچە

قىزىلچە بولسا ئەسۋە كېسىلى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيسىز ئەمما بۇ بىر يۇقۇملۇق كېسەل. قىزىلچە ئېغىر ئاياق مەزگىلدە تۇغۇلمىغان بوۋاققا ئىنتايىن خەتەرلىك. بالا ئېغىر دەرىجىدىكى بىنورماللىقلار بىلەن تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

## 11. مېنىڭكوكال

مېنىڭكوكال س بار بالىلاردا مېڭە پەردە ياللۇغى ۋە قان زەھەرلىنىش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ساقايغاندىن كېيىنمۇ مەڭگۈلۈك گاس بولۇپ قېلىش، ئۇگۇنۇش ۋە ئىش ھەرىكەت مەسىلىلىرى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. قان زەھەرلىنىش سەۋەبىلىك بىر بېلىگى ياكى بىر پاچىقى ئېلىۋېلىنىشىمۇ مۇمكىن.

## 12. ئى پ ۋ

ئىنسان پاپىللوما ۋىروسى (ئى پ ۋ) بال - ياتقۇ بوشلۇق ئۆسمىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدىغان يۇقۇملۇق بىر ۋىروس. بۇ ۋاكسىنا، بال - ياتقۇ بوشلۇغى ئۆسمىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا % 70 ئەھۋالدا مەسئۇل بولىدىغان 2 خىل تىپتىكى ئى پ ۋ دىن قوغدايدۇ.

### ئەگەر بالىڭىز بۇ ئالامەتلەرسەۋەبىدىن ئارامسىز بولۇپ قالسا پايدىلىنىدىغان مەسلىھەتلەر.

قۇچاقلاش ۋە دىققىتىنى بۇراش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

قىزىتتىمۇ؟ بالىڭىزغا يېتەرلىك ئىچكۈزۈك.

ئوكۇل ئۇرغان يەر ئاغرىمدۇ؟ ئۇنداقتا بىلەك ۋە پاچىقىنى ئامال بار ئاز تۇتۇڭ. تۇتسىڭىز تېخىمۇ بەك ئاغرىشى مۇمكىن.

بالىڭىز ۋاكسىنا ئۇرۇلغان كۈنى كۆپ يىغلامدۇ ۋە بالىڭىزنىڭ بەدىنى كۆپ ئاغرىمدۇ؟ ئۇنداقتا پاراستامول بەرسىڭىز بولىدۇ. بالىڭىز قانچىلىك ئىچسە بولۇشى توغرۇلۇق چۈشەندۈرۈلىشىگە قاراڭ.

بەزىدە ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى سىلكىيدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلماڭ. مېڭىدە زەخمىلىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بار.

بالىڭىزدىن ئەنسىرەۋاتامسىز مەسلەن بالىڭىزدىكى قىزىتما ۋە ماغدۇرسىزلىق 2 كۈندىن ئارتۇق سوزۇلغانلىغى ئۈچۈن؟ دوختۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىڭ. بالىڭىزدىكى بۇ خىل ئالامەتلەر بەلكى باشقا بىر كېسەللىك سەۋەبىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

# ۋاكسىنا جەدۋىلى

| 1- باسقۇچ | 1- ئەملەش | 2- ئەملەش |
|---|---|---|
| **6-9 ھەپتە** | د ك ت پ<br>خىب<br>ب جىگەر | پنې |
| **3 ئاي** | د ك ت پ<br>خىب<br>ب جىگەر | |
| **4 ئاي** | د ك ت پ<br>خىب<br>ب جىگەر | پنې |
| **10 - 11 ئاي** | د ك ت پ<br>خىب<br>ب جىگەر | پنې |
| **14 ئاي** | م ق چ | مېن س |

| 2- باسقۇچ | 1- ئەملەش | 2- ئەملەش |
|---|---|---|
| **4 ياش** | د ك ت پ | |

| 3- باسقۇچ | 1- ئەملەش | 2- ئەملەش |
|---|---|---|
| **9 ياش** | د ت پ | م ق چ |

| 4- باسقۇچ | 1- ئەملەش | 2- ئەملەش |
|---|---|---|
| **12 ياش** | ئى پ ۋ | ئى پ ۋ ( 6 ئاي كېيىن) |

### قىسقارتىلمىلارنىڭ مەنىسى

| | |
|---|---|
| د | دىفتېرىيا |
| ك | كۆك يۆتەل |
| ت | تېتانۇس |
| پ | پولىيو |
| خىب | خاموفىلۇس ئىنفلۇېنزا ب تىپلىق |
| ب جىگەر | ب تىپلىق جىگەر كېسىلى |
| پنې | پنېموكوكال |
| م | ماميس |
| ق | قىزىل |
| چ | قىزىلچە |
| مېن س | مېنىڭكوكال س |
| ئى پ ۋ | ئىنسان پاپىللوما ۋىرۇسى |

* پەقەتلا قىزلار ئۈچۈن

## سىزمۇ بالىڭىزغا ۋاكسىنا ئۇرغۇزۇڭ؟

ئەملەش بالىڭىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان قوغداش ئاتا قىلىدۇ. بالىڭىزغا ۋاكسىنا ئۇرغۇزۇشنى سىز قارار قىلىسىز. كېسەللىكلەر ۋە ئەملەش توغرۇسىدىكى ئۇچۇرلار ئۈچۈن بۇ تور بەتكە (ئېنگلىش تىلىدا) قاراڭ. كونسۇلتاتسى ئىدارىسىدىكى دوختۇر ۋە www.rivm.nl/nip ھەمشىرىلەردىنمۇ سۇئاللىرىڭىزنى سورىسىڭىز بولىدۇ.

## بالىڭىزغا قاچاندىن باشلاپ ۋاكسىنا ئۇرۇلىدۇ؟

بالىلار 6 ھەپتىلىك بولغاندىن باشلاپ ۋاكسىنا قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ. ياخشى قوغدۇنۇش ئۈچۈن بالىڭىزنىڭ بۇ ۋاكسىنا جەدۋىلىگە تولۇق ئەمەل قىلىشى مۇھىم.

## ئەگەر ۋاكسىنىلار ( تولۇق) ئۇرۇلمىغان بولسىمۇ بالام قوغدالغان ھىسابلىنامدۇ؟

ياق، تىزىملىكتىكىلەرنىڭ تولۇق ئۇرۇلۇپ بولۇشى مۇھىم. ئۇندىن كېيىن ئۇزۇن مەزگىللىك قوغدالغان بولىدۇ. بالىلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك دۆلەتلىك ۋاكسىنا پروگراممىسىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە كېسەللىكلەر گوللاندىيەدە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

## بالام ئاغرىق بولۇپ دورا ئىچىۋاتقان بولسىمۇ ۋاكسىنا ئۇرغۇزسا بولامدۇ؟

ۋاكسىنا ئۇرغۇزۇشتىن بۇرۇن ۋاكسىنا بەرمەكچى بولغان دوختۇر ياكى ھەمشىرە بىلەن بۇنى مەسلىھەتلىشىڭ. بەزىدە ۋاكسىنىنى كېچىكتۈرگەن ياخشىراق.

## ۋاكسىنىدىن كېيىن بالىڭىزدا بەزى ئالامەتلەر كۆرۈلەمدۇ؟

بەلكىم، ئەمما چوقۇم ئەمەس. بىر خىل ۋاكسىنىغا بالىلاردا ئوخشىمىغان ئىنكاسلار بولىدۇ. كۆپىنچە ئالامەتلەر ۋاكسىنا ئۇرغان كۈندە كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا 2 كۈندە توگەيدۇ. ماميسكە، قىزىلغا ۋە قىزىلچىگە قارشى ۋاكسىنىلارنىڭ ئالامەتلىرى ۋاكسىنا ئۇرۇلۇپ 5 كۈندىن 12 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ.

**ۋاكسىنىدىن بۇرۇن ئەڭ ياخشىسى بالىڭىزغا پاراسىتامول بەرمەڭ. ۋاكسىنىنىڭ ئۈنۈمى ئاجىزلىشىشى مۇمكىن.**

## ۋاكسىنىدىن كېيىن بالىلاردا قانداق ئارامسىزلىقلار بولىدۇ؟

ئوكۇل ئۇرۇلغان بىلەك ياكى پاچاقنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە ئاغرىش.
ۋاكسىنا ئۇرۇلغان يەرنىڭ قىزىرىپ قېلىشى، ئىششىپ قېلىشى ياكى ئاغرىشى.
ماغدۇرسىزلىق ۋە يىغلاش
قىزىتىش
بوۋاقنىڭ ئۇيقۇسىدا ئارامسىزلىنىشى ياكى كۆپ ئۇخلىشى.
4 ياشدىن ئاشقان بالىلارنىڭ جىددىچىلىكتىن ھۇشىدىن كېتىشى.

## بالىڭىز ئەكس تەسىر سەۋەبىدىن ئارامسىزمۇ؟

ئەكس تەسىر بەرسە بۇنى ۋاكسىنا بەرگەن دوختۇر ياكى سېستىراغا ئۇختۇرۇڭ. ھەممە ئەكس تەسىرلەرنى ئەكس تەسىر مەركىزى لارەب تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئۆزىڭىزمۇ ئەكس تەسىرلەرنى www.lareb.nl ئارقىلىق مەلۇم قىلسىڭىز بولىدۇ.

## چۈشەندۈرۈلۈش

ھەر قاندق بىر ۋاكسىنىدا بۇ ۋاكسىنا توغرۇلۇق ئۇچۇرلار بولغان بىر چۈشەندۈرۈش خېتى بولىدۇ. بۇ چۈشەندۈرۈش خەتلىرى www.rijksvaccinatieprogramma.nl/bijsluiters دا بار.

## ۋاكسىنا توغرۇلۇق ئۇچۇرلار

ئامما ساقلىق ۋە مۇھىت ئىدارىسى ۋاكسىنىلار توغرۇلۇق سىزگە ۋاقتىدا ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇ ۋاكسىنا ئۇچۇرلىرى شەخسى ئۇچۇرلارنى قوغداش قانۇنى بويىنچە RIVM دە ساقلىنىدۇ ۋە پەقەت دۆلەت ۋاكسىنا پروگراممىسى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ.

## كۆپرەك بىلگىڭىز بارمۇ؟

www.rivm.nl/nip گە قاراڭ ياكى سۇئالىڭىزنى كونسۇلتاتسى ئىدارىسىدىكى دوختۇر ياكى ھەمشىرىلەردىن سوراڭ.

بۇنى تارقاتقۇچى ئورۇن:

**National Institute for Public Health and the Environment**
PO Box 1 | 3720 BA Bilthoven
www.rivm.nl

2015 ئىيون

ئەتىنىڭ تەييارلىقى بۈگۈن باشلىنىدۇ.

008443